# 7051 - شەئبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كۈنىدە مۇناجات ئوقۇش بىلەن يېمەكلىككە تويلىشىش توغرىسىدا

## سوئال

بەزى ئائىلىلەر شەبان ئېيىنىڭ ئاخىرقى كېچىسىدە يېمەكلىكلەرنى ھازىر قىلىپ بىر جايغا توپلىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ياشانغان كىشىلەرمۇ بار، ئۇلار بۇ مۇناسىۋەت بىلەن پەس ئاۋازدا مۇناجاتلارنى ئوقۇيدۇ، بۇ شەكىلدە توپلىشىپ يېمەك يېيىشنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بۇ سوئالنى ھۆرمەتلىك ئۇستاز شەيخ مۇھەممەد سالىھ ئۇسەيمىن رەھمەھۇللاھغا سۇنساق، شەيخ جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: "مېنىڭ قارىشىمچە بۇنداق قىلىش بىدئەتكە يېقىن ۋە يولغا قويۇشتىن چەكلەش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر. چۈنكى چەكلىمىگەندە كىشىلەر بۇنى ئادەت قىلىۋالىدۇ، ئەگەر بىرەر قېتىم شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا بۇ شۇ ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قاپتۇ دېيىش كېرەك ئىدى، ئەمما ھەر يىلدا شۇنداق قىلىش توغرا بولمايدۇ. توغرا بولغىنى بۇنداق شەكىلدە توپلىششىنى توغرا بولمايدۇ دەپ قارايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.